# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57–1 تيانشان تورى: www.ts.cn

2021 - يىل 2 - ئاي
8
دۈشەنبە
维吾尔文 2 月8日
25331 - سان
بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ


## شى جىنپىڭنىڭ «كۆپ تەرەپچىللىك مەشئىلى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتايلى — دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى ‹داۋوس قارالمىسى› سۆزلىشىش يىغىنىدا قىلىنغان ئالاھىدە سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «كۆپ تەرەپچىللىك مەشئىلى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتايلى — دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى ‹داۋوس قارالمىسى› سۆزلىشىش يىغىنىدا قىلىنغان ئالاھىدە سۆز»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلدۇ.

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

چېن چۇەنگو ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى شۇجىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش - تەكشۈرۈش سىن يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىلىشى، چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 2020 - يىللىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى شۇجىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش - تەكشۈرۈش سىن يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتناشتى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

يىغىندا 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەتى كومىتېتى، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىزمەت دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمەتى كومىتېتى، ئالاقە تورى ئۇچۇر خىزمەتى كومىتېتى يازما دوكلات بەردى. چېن چۇەنگو بىر - بىرلەپ باھا بەردى.

چېن چۇەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى شۇجىلىرىنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىلىشى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن مەركىزىي خىزمەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ساقلاپ، سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنئى قىلغاننى قەتئىي قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

«14 - بەش يىل»دا قومۇل رايون ھالقىپ توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردۇ

## ھەر يىلى سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارى 40 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن كۆپرەك ئاشۇرۇلىدۇ

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون چوڭ كەسىپنىڭ مىكرو كۆرۈنۈشى ②

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **رايىدە**، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن **شىڭ باۋيۇ** خەۋەر قىلىدۇ: «‹14 - بەش يىل› مەزگىلىدە، قومۇل شەھىرى ‹شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش› تۇراقلىق توك 3 - لىنىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا تۈرتكە بولۇپ، رايون ھالقىپ توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇ، مۆلچەرلىشىمىزچە، ھەر يىلى سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارى 40 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن كۆپرەك ئاشۇرۇلۇپ، قومۇلنىڭ GDP سىنىڭ تەخمىنەن 2.5 پىرسەنت پوئىنت ئېشىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى قومۇل توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىقتىسادچىسى خۇ ئەنپىڭ.

ئېنېرگىيە بايلىقى توپلانغان رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، قومۇل شەھىرى دۆلەتنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، قومۇلنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى تىپتىكى ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قومۇلنىڭ جەنۇبى — جېڭجوۋ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تيانشان تۇراقلىق توكنى ئۆزگەرتىشچان توكقا ئايلاندۇرۇش پونكىتىدا، ماشىنا ئادەملەر چارلاپ تەكشۈرۈپ، «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش»نىڭ بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىۋاتاتتى. يېقىنقى مەزگىلدە، تيانشان تۇراقلىق توكنى ئۆزگەرتىشچان توكقا ئايلاندۇرۇش پونكىتىدىكى ئىككى فازا مودۇلياتورى ئوڭۇشلۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، سىرتقا توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر چاغان ئالدىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، چاغاننى تىنچ - ئامان، ئىناق ئۆتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر شىنجاڭ خۇاتەي ئېغىر خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، چاغانلىق يولۇچى توشۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

## 2020 - يىلى بىڭتۈەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى

### پاختا ئومۇمىي ھوسۇلدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، بىڭتۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 2020 - يىللىق بىڭتۈەن ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، بۇلتۇر بىڭتۈەن ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىدا «پەسلمۇپەسىل ئۆرلەش، سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش»تەك ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، پۈتۈن يىللىق تاماملاش ئەھۋالىنىڭ مۆلچەردىكىدىن ياخشى بولغانلىقى؛ پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 290 مىليارد 514 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.5% ئاشقانلىقىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

## تېخىمۇ كۆپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچىمەن

**□ بايان قىلغۇچى: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى پىڭدىڭشەن تەۋەلىك رايونى تۇگۇك مەھەللىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈەن**

ھەر قېتىمقى بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىز ھەممىمىز تەۋەلىكتىكى كىچىك دوستلارنى مەھەللە تەشكىللىگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىمىز. كىچىك دوستلار تۇگۇك مەھەللىسى پائالىيەت مەركىزىنىڭ كىچىككىنە سىنىغا ئېلىش ئۆيىدە بىللە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىللە ئويناپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۇن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق چوڭقۇرلىشىپ، ھەربىر قەلبكە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقى چېچىلدى.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## تەر كۆپرەك ئاقسا ئىشەنچ تېخىمۇ ئاشىدۇ

**□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جىڭ بو**

«دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆي تازىلايمىز.» 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر چاغان ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، تەنھەرىكەتچىلەر يەنىلا مەشىق مەيدانىدا تەر تۆكۈپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، جىددىي ھازىرلىق كۆرۈپ، مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەتتىن مەشىق دەرسىگە قاتنىشىش، كەچتە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە فىزىكىلىق داۋالاش قىلىش ياكى ۋاقىت قوشۇپ مەشىق قىلىش، شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى توختارىبېك تاڭلىتقاننىڭ مەشىق ۋاقىت جەدۋىلى تولۇق تىزىلغانىدى.

بۇلتۇرقى دۆڭجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس تۈرى بويىچە ئاسىيا چوڭ رايونى سالاھىيەت مۇسابىقىسىدە، توختارىبېك ئۇدا تۆت ئايلانمىدا رەقىبىنى يېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو بوكس تۈرىنىڭ 75 كىلوگراملىقلار بويىچە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش بېلىتىگە ئېرىشتى.

«ئادەتتە كۆپرەك قان - تەر ئاققۇزغاندىلا، مۇسابىقىدە غەيرىتىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ.» ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، توختارىبېك ئۆزىنى شۇنداق رىغبەتلەندۈردى.

«ۋەتەننىڭ شان - شەرىپى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن بۇ سۆز شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ كوماندا مىزانى. 2011 - يىلى 14 ياشلىق

(ئاخىرى 8 - بەتتە)



قىزىل پانۇسلار ئېسىلدى

◄ 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئولتۇراق رايونغا چوڭ قىزىل پانۇس ئاستى. شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى بەيگە مەيدانى تەۋەلىك رايونىنىڭ داۋەن جەنۇبىي مەھەللىسى «چۈنلىيەن يېزىپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كاتتا چاغان بايرىمىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالدى. □ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جوۋ پېڭ فوتوسى

## «ئېرتىش دەرياسى مەنبەسىدىكى 1 - كەنت»نىڭ ساياھەت تامىقى بەك مەززىلىك

**□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ياۋ گاڭ**

شوخ دومبىرا، يېقىملىق خەلق ناخشىسى، گۈزەل، رەڭدار چىراغ نۇرى، ئوت يالقۇنى... 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە، گۈلخانىلار يېقىلىپ، نېئون لامپىلار يېنىپ، كۆكتوقاي ناھىيەسى كۆكتوقاي بازىرى تاراتى كەنتىدىكى ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىكى، ھويلا ئىچىدىكى يېغىلىپ قالغان قارلار رەڭدار تۈسكە كىرىپ، ساياھەتچىلەر بىر مەيدان كۆرۈش سېزىمى كاتتا زىياپىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

تاراتى كەنتى ئېرتىش دەرياسى مەنبەسىدىكى 1 - كەنت بولۇپ، «ئېرتىش دەرياسى مەنبەسىدىكى 1 - كەنت» دەپ ئاتالغان. 2018 - يىلدىن بۇيان، بۇ كەنت قىشلىق ساياھەتنى يولغا قويۇپ، يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ، ساياھەت تاۋارلىرى قاتارلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قىشلىق ساياھەتتىكى «داكا جاي»غا ئايلاندى.

كەنت ئاھالىسى ئېرلان سەۋلېت كەنت يولى بويىغا چوڭ قازان ئاستى، ئوت يالقۇنى قازان ئاستىدىن يېلىنجاپ تۇراتتى، چوڭ پارچىلانغان قوي گۆشى قازاندا پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى، يىراقتىنلا مەززىلىك پۇراقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. «يىراقتىن كەلگەن دوستلار، بىر قاچا قوي گۆشى شورپىسى ئىچىۋېلىڭلار، بەدىنىڭلارنى ئىللىتىدۇ.» ئۇ ئارىلاپ ئۆتۈپ تۇرغان، كېچىلىك مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقان ساياھەتچىلەرنى چاقىرىپ، قىزغىنلىق بىلەن قاچىنى سۇنۇپ، بىر چوڭ چۆمۈچ ئىسسىق قوي گۆشى شورپىسى قۇيدى.

ئېرلان كەنت ئاھالىلىرى ئېتىراپ قىلغان بېيىش باشلامچىسى بولۇپ، 2016 - يىلى چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىپ، كەنتتىكى «كاتتا باي»غا ئايلاندى. 2018 - يىلى تاراتى كەنتى كۆكتوقاي مەنزىرە رايونىغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە تايىنىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ پۇقراۋى قونالغۇ بەرپا قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىدى. ئېرلان مۇنداق دېدى: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىپ، ئائىلىمىز بېيىدى. بىر ئادەم بېيىسا بېيىغان ھېسابلانمايدۇ، كۆپچىلىك بېيىسا ھەقىقىي بېيىغان ھېسابلىنىدۇ.» ئېرلاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەنتتە پۇقراۋى قونالغۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)